# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يېڭى دەۋردە غەربىي قىسمىنى كەڭ ئېچىش يېڭى ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكرى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

### ئىككىنچى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش

(1) ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش. ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى، بولۇپمۇ نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق ۋەزىپە قىلىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتا دۇچ كەلگەن گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ھەل قىلىپ، ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە نامراتلار توپىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، نامرات نوپۇسنىڭ قايتا نامراتلىشىپ كېتىشىنى ئازايتىپ ۋە ئالدىنى ئېلىپ، 2020 ـ يىلغا بارغاندا ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە غەربىي قىسىمدىكى رايونلاردا يېزا نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداش ئاساسىدا يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى قاتالام بويىچە ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى بەلگە خاراكتېرلىك مۇھىم، زور جەڭنى ياخشى قىلىپ، مۇھىت ئاسراشتىكى مۇھىم، زور قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى رايونغا ئايرىپ باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان ئاساسلىق خەۋپ ـ خەتەر نۇقتىلىرىنى دەل جايىدا تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىپ، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلمە مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، مەنبەدىن باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پىشاڭ نىسبىتىنى ئۈنۈملۈك مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك.

(2) يېڭىلىق يارىتىش، تەرەققىيات ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش. يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى يادرو قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش، ئېچىۋېتىش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، رايونلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئېگىزلىكىنى بەرپا قىلىش كېرەك. دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور پەن تەتقىقات ئۇل ئەسلىھەلىرى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ خاس، ئەۋزەل ساھەلەردە دۆلەت دەرىجىلىك يېڭىلىق يارىتىش سۇپىسى ۋە چوڭ ئىلىم ـ پەن قۇرۇلمىسىنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشنى قوللاش كېرەك. غەربىي قىسىمدىكى شارائىتى ھازىرلانغان رايونلاردا دۆلەت ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى يۆتكەش، ئايلاندۇرۇش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قاتارلىق يېڭىلىق يارىتىش ۋاستىلىرىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش كېرەك. شەرقىي، غەربىي قىسىمنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەمكارلىشىپ يېڭىلىق يارىتىش ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش كېرەك. غەربىي قىسىمدىكى رايونلاردا بىر تۈركۈم ئەمەلىي قوللىنىشچان تولۇق كۇرس ئالىي مەكتەپلىرى، ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قۇرۇپ، «قوش ئالدىنقى قاتار»دىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ غەربىي قىسىمدىكى رايونلارغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى قانات يايدۇرۇشنى قوللاش كېرەك. ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەشتىكى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش»نىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەن نۇسخىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ئېھتىياجنى يېتەكچى، كارخانىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقات بىر گەۋدىلەشكەن يېڭىلىق يارىتىش تۈزۈلمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك كارخانىلارنىڭ غەربىي قىسىمدىكى رايونلاردا پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش شىركىتى قۇرۇشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك. دۆلەت پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئايلاندۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش فوندىنىڭ غەربىي قىسىمدىكى رايونلاردا ئىگىلىك تىكلەشكە مەبلەغ سېلىش تارماق فوندى تەسىس قىلىشنى قوللاش كېرەك. بىلىم ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش، قوللىنىش ۋە مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، بىلىم ـ مۈلۈك ھوقۇقى بويىچە خەلقئارا ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشنى قوللاش كېرەك.

(3) زامانىۋى كەسىپ سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش. غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شارائىتى ھازىرلانغان كەسىپلەرنى توپلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەنئەنىۋى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى ئۆزگەرتىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتە تېخىمۇ چوڭ قەدەم تاشلاپ، ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ ئەنئەنىۋى كەسىپلەردە كەڭ قوللىنىلىشى ھەم ئۇنىڭ بىلەن چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رىقابەت كۈچىگە باي زامانىۋى كەسىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىش كېرەك. يېزىلاردا 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى، قىممەت زەنجىرىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. يۇقىرى ئۆلچەملىك دېھقانچىلىق ئېتىزى، زامانىۋى ئېكولوگىيەلىك چارۋىچىلىق فېرمىسى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش فۇنكسىيەلىك رايونى ۋە پاختا، ياغلىق دان، شېكەر قاتارلىق مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، قوغداش رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، ئېكولوگىيەسى تۆجۈپىلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، يەر ئىشلىتىش قېلىپلاشقان ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوللاش كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك، خاس يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى جابدۇقلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە كېڭەيتىش، قوللىنىشنى تېزلىتىش كېرەك. زامانىۋى ياسىمىچىلىق ۋە ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. چوڭ سانلىق مەلۇمات، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار ۋە «ئەقلىي ئىقتىدار +» كەسىپلىرىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سانائەت ئالاقە تورىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. «ئالاقە تورى + مائارىپ»، «ئالاقە تورى + داۋالاش»، «ئالاقە تورى + ساياھەت» قاتارلىق يېڭى كەسىپ ھالىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، تور سۈرئىتىنى تېزلىتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ ئېكولوگىيە، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، چېگرا مەنزىرىسى قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللاپ، ساياھەت بايلىقىنى ئېچىۋېتىش، ئۇچۇردىن ئورتاق بەھرىلىنىش، كەسىپلەرنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، ئاممىۋى مۇلازىمەت، ساياھەت بىخەتەرلىكى، ئۆلچەملەشكەن مۇلازىمەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى خەلقئارا ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ساياھەت مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. داڭلىق مەنزىرە رايونى، چېگرا ساياھىتى سىناق رايونى قاتارلىقلارغا تايىنىپ، ساياھەت ـ ئىستىراھەت، ساغلاملىق ـ كۈتۈنۈش قاتارلىق مۇلازىمەتچىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، رايون مۇھىم تۈۋرۈك كەسىپلىرىنى بەرپا قىلىش كېرەك. زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىك، بولۇپمۇ كەسپىي مۇلازىمەتچىلىكنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، زامانىۋى ئەشيا ئوبوروت مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

(4) ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەش ـ ئېھتىياج قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش. كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، كۆمۈرنى پاكىز ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قېزىشقا تۈرتكە بولۇپ، كۆمۈرنى دەرىجىگە ئايرىپ، سۈپەتكە ئايرىپ، باسقۇچقا ئايرىپ پايدىلىنىشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، كۆمۈردىن ماي ئېلىش، كۆمۈردىن گاز ئېلىش، كۆمۈردىن ئولېفىن ئېلىش قاتارلىقلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىشنى پۇختا قەدەم بىلەن قانات يايدۇرۇش كېرەك. بىر تۈركۈم نېفىت، تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش كېرەك. كۆمۈر قاتلىمى گازى قاتارلىقلارنى چارلاپ تەكشۈرۈش، ئېچىش، پايدىلىنىشنى تېزلىتىش كېرەك. ھاسىلىي ئېنېرگىيەنى ئېچىش، پايدىلىنىشنى كۈچەيتىپ، خۇاڭخې دەرياسى بالداق ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ چوڭ تىپتىكى ئېنېرگىيە ساقلاش تۈرى تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇپ، بىر تۈركۈم پاكىز ئېنېرگىيە بازىلىرىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. شامال ئېلېكترى، فوتوۋولت ئېلېكترىنى ئۆز جايىدا ئىشلىتىشنى تېزلىتىش كېرەك. غەربنىڭ توكىنى شەرققە يەتكۈزۈش قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ھالقىغان نۇقتىلىق توك يەتكۈزۈش يولى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق زورايتىپ، پاكىز ئېلېكتر كۈچى يەتكۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئېلېكتر تورىنىڭ يۇقىرى پەللىنى تەڭشەش ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شامالدىن ۋاز كېچىش، يورۇقلۇقتىن ۋاز كېچىش، سۇدىن ۋاز كېچىش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش كېرەك. توك تەقسىملەش تورىنى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى ۋە يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، چەت، يىراق رايونلارنى توك بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. شىمالنىڭ كۆمۈرنى جەنۇبقا توشۇش يولى ۋە چوڭ تىپتىكى كۆمۈر زاپىسى بازىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، نېفىت، گاز تارماق لىنىيەسى، تېرمىنال تۈۋرۈك تورى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەك. كۆپ قاتلاملىق تەبىئىي گاز زاپىسى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان رايونلاردا يەر ئاستىدا گازنى زاپاس ساقلاش ئامبىرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك. مۇھىت ئاسراش، ئېنېرگىيە ئۈنۈمى قاتارلىق ئۆلچەم ـ تەلەپلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يۇقىرى يۈكلىمىلىك ئېنېرگىيە كەسىپلىرىنىڭ غەربىي قىسىمدىكى پاكىز ئېنېرگىيە ئەۋزەللىكى بار رايونلارغا مەركەزلىشىشىنى قوللاش كېرەك.

(5) شەھەر ـ يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش. يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، يېڭى دەۋردىكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. يېڭىچە دېھقانلارنى يېتىشتۈرۈپ، غەربىي قىسىمدىكى رايونلاردا يېزا ئىگىلىك كەسپكارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش كېرەك. گۈزەل، ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىدىغان كەنت قۇرۇشنى نىشان قىلىپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى ۋە ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. قوغداشنى كۈچەيتىش ئاساسىدا، يېزىلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت بايلىقىنى جانلاندۇرۇپ، رايون ۋە مىللىي خاسلىققا ئىگە يېزا ـ كەنت مەدەنىيەت كەسىپلىرى ۋە سۈپەتلىك ماركىلارنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ھالىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، دۆلەت ۋە رايون مەركىزىي شەھەرلىرىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى ئۆستۈرۈپ ھەم جارى قىلدۇرۇپ، شەھەرلەر توپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ۋە چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرلەرنى تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، بىر تۈركۈم خاس كىچىك شەھەر ـ بازارلارنى يېتىلدۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. غەربىي قىسىمدىكى رايونلاردا بايلىق مەنبەسى تۈگەش قاتارلىق ئالاھىدە تىپتىكى رايونلارنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىياتىنى قوللاش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىدىن يۆتكەلگەن نوپۇسنىڭ شەھەر ئاھالىسىگە ئايلىنىشىنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەتنىڭ دائىملىق نوپۇسنى تولۇق قاپلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان نوپۇسقا ئېلىنمىغان دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ كۆچۈپ بارغان جايدا شەھەر ـ بازار ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەتتىن باراۋەر بەھرىمەن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. شەھەر ـ يېزىلارنىڭ «بايلىقنى مۈلۈككە ئايلاندۇرۇش، مەبلەغنى پايغا ئايلاندۇرۇش، دېھقان (شەھەر) ئاھالىلىرىنى پايچىكقا ئايلاندۇرۇش» قاتارلىق ئىسلاھات تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، «پايىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق كەسىپنى بىرلەشتۈرۈش، پايىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق مەسئۇلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش، پايىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق قەلبنى بىرلەشتۈرۈش» يېڭى مېخانىزمى ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. شەھەر ـ يېزىلارنىڭ شەھەر مەمۇرىيىتى ئاممىۋى ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، شەھەر ـ بازار ئاممىۋى ئۇل ئەسلىھەلىرىنىڭ ئەتراپتىكى يېزا رايونلىرىغا ئۇزىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

(6) ئۇل ئەسلىھە يىرىك پىلانى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش. ئۇل ئەسلىھەلەرنىڭ تۇتىشىش دەرىجىسى، راۋانلىقى ۋە باراۋەرلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يېشىل، تۆجۈپىلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. شەرق بىلەن غەربنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان، جەنۇب بىلەن شىمالنى ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان ترانسپورت يولى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، رايونلارنى ئېچىش ئۆتۈك لىنىيەسىنى كېڭەيتىش كېرەك. بايلىق، ئېنېرگىيە ئېچىش رايونى غول لىنىيە يولى يىرىك پىلانى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. سىچۈەن ـ شىزاڭ تۆمۈريولى، شاڭخەي ـ چېڭدۇ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولى، جۇڭچىڭ ـ كۈنمىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولى، شىنىڭ ـ چېڭدۇ تۆمۈريولى قاتارلىق مۇھىم، زور قۇرۇلۇش يىرىك پىلانى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك. يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول بىلەن ئادەتتىكى تۆمۈريولنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، بېكەت نۇقتىسى كۆپ، بېلەت باھاسى تۆۋەن «ئاستا پويىز»لارنى داۋاملىق يولغا قويۇش كېرەك. ئۈزۈك يول، بوغما يوللارنى ئېچىپ، دېڭىزغا چىقىش، نامراتلارنى يۆلەش يولى ۋە ساياھەت قاتناش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئۇنىۋېرسال يولۇچى توشۇش تۈگۈنى، يۈك توشۇش تۈگۈنى (ئەشيا ئوبوروت رايونى) قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. دۆلەتنىڭ ئەشيا ئوبوروت تۈگۈنى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەشيا ئوبوروتنىڭ يۆتكىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاۋىياتسىيە پورتى ۋە تۈگۈن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تۈگۈن ئايرودرومىنىڭ ئۇچۇش ھوقۇقىنى كېڭەيتىپ، ھەممىباب ئاۋىياتسىيەنى پائال راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. يېزا، چەت ـ ياقا رايونلارنىڭ ئۇچۇر تورى بىلەن قاپلىنىش سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك. بىر تۈركۈم نۇقتىلىق سۇ مەنبەسى قۇرۇلۇشى، دەريا، كۆل غولىنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى ۋە چوڭ تىپتىكى سۇغىرىش رايونى قۇرۇلۇشىنى مۇۋاپىق پىلانلاپ، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ داۋاملاشما قۇرۇلۇشلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىش، ئوتتۇرا، كىچىك دەريا ـ ئېقىنلارنى تۈزەش ۋە خەتەرلىك سۇ ئامبارلىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىپ پۇختىلاش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش سۇ مەنبەسى قۇرۇلۇشى ۋە كەلكۈننىڭ ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. شەھەر ـ يېزىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ۋە ئاھالىلەر تارقاق رايونلاردىكى نۇقتىلىق كىچىك تىپتىكى ئۆلچەملەشكەن سۇ بىلەن تەمىنلەش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىچىدىغان سۇ مەنبەسىنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

(7) دۆلەت خەۋپسىزلىكى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ھەقىقىي قوغداش. تەرەققىيات بىلەن بىخەتەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى توسۇقلۇق رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان، ئىناق بولغان سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئىستېرېئولاشقان جەمئىيەت ئامانلىقى بويىچە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، پۇختا، ئىشەنچلىك جەمئىيەت بىخەتەرلىكى سىستېمىسى بەرپا قىلىش كېرەك.

### ئۈچىنچى، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى يېتەكچى قىلىپ، غەربىي قىسىمنى ئېچىۋېتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش

(8) «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىش ۋە سىڭىشىش. شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشكە مەدەت بېرىپ، غەربكە يۈزلەنگەن قاتناش تۈگۈنى ۋە سودا ـ ئەشيا ئوبوروتى، مەدەنىيەت ـ پەن ـ مائارىپ، داۋالاش ـ مۇلازىمەت مەركىزىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. جۇڭچىڭ، سىچۈەن، شەنشىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا مەدەت بېرىپ، ئىچكى قۇرۇقلۇق ئېچىۋېتىش ئېگىزلىكى ۋە ئېچىش ـ ئېچىۋېتىش تۈگۈنى بەرپا قىلىش كېرەك. گەنسۇ، شەنشىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئەۋزەللىكىنى تولۇق قېزىشنى قوللاپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىدىكى مۇھىم يول، تۈگۈنلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. گۇيجۇ، چىڭخەينىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئېكولوگىيە ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى قوللاپ، يېشىل يىپەك يولى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىچكى موڭغۇلنىڭ جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە ـ روسىيە ئىقتىساد كارىدورى قۇرۇلۇشىغا چوڭقۇر قاتنىشىشنى قوللاش كېرەك. يۈننەن ۋە لەنساڭجياڭ ـ مېكوڭ دەرياسى رايونىنى ئېچىۋېتىش ھەمكارلىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

(9) چوڭ يولنى ئېچىۋېتىش قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش. جۇڭگو ـ سىنگاپور (جۇڭچىڭ) ئىستراتېگىيەلىك ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرىنى پائال يولغا قويۇش كېرەك. شىمالىي قىسىم قولتۇق پورت قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلقئارا رىقابەت كۈچىگە ئىگە پورت توپىنى بەرپا قىلىپ، زامانىۋى دېڭىز ـ ئوكيان كەسپىنى تېز يېتىلدۈرۈپ، دېڭىزغا يۈزلەنگەن ئىقتىسادنى پائال راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. كۆپ خىل شەكىلدە بىرلەشمە ترانسپورتنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، تۆمۈريول، تاشيول بىلەن پورت، سانائەت رايونلىرىنى تۇتاشتۇرۇش لىنىيەسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك. شاڭخەي ـ چېڭدۇ تۆمۈريولىنىڭ توشۇش ئىقتىدارى ۋە پورتلاردا يىغىش ـ تارقاقلاشتۇرۇش توشۇش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. چاڭجياڭ دەرياسى ئالتۇن سۇ يولىغا تايىنىپ، قۇرۇقلۇق ـ دېڭىز بىرلەشمە ترانسپورتى، ھاۋا ـ تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورتى، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى قاتارلىقلار ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن بىرلەشمە ترانسپورت مۇلازىمەت ئەندىزىسى ۋە ئەشيا ئوبوروتى چوڭ يولىنى بەرپا قىلىش كېرەك. غەربىي قىسىمدىكى رايونلاردا سۇسىز پورت قۇرۇشنى قوللاش كېرەك. جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ تىجارەتنى تەشكىللەش ئەندىزىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ تۈگۈن ـ نۇقتا قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. پورت، چېگرا ھالقىغان ترانسپورت ۋە ئۇچۇر يولى قاتارلىق ئېچىۋېتىلگەن ئۇل ئەسلىھەلەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېچىۋېتىلگەن ئەشيا ئوبوروتى تورى ۋە چېگرا ھالقىغان پوچتا يوللانمىلىرىنى يەتكۈزۈش سىستېمىسىنى تېزلىتىش كېرەك. جۇڭگو ـ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى ئۇچۇر پورتى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك.

(10) ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆپ قاتلاملىق ئېچىۋېتىش سۇپىسى بەرپا قىلىش. جۇڭچىڭ، چېڭدۇ، شىئەن قاتارلىقلارنى خەلقئارا دەرۋازا تۈگۈن شەھىرى قىلىپ قۇرۇشنى تېزلىتىشكە ئىلھاملاندۇرۇش، كۈنمىڭ، نەننىڭ، ئۈرۈمچى، لەنجۇ، كۆكخوت قاتارلىق ئۆلكە مەركىزى (مەركىزىي) شەھەرلىرىنىڭ قوشنا دۆلەتلەرگە يۈزلەنگەن ئىككىلەمچى رايون ھەمكارلىقىدىكى تىرەكلىك ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. غەربىي قىسىمدىكى رايونلار ئەركىن سودا سىناق رايونىنىڭ مەبلەغ سېلىش سودا ساھەسىدە قانۇن ـ بەلگىلىمە بويىچە ئالدىن يولغا قويۇش، ئالدىن سىناق قىلىشنى قانات يايدۇرۇشنى قوللاپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشكە ماس كېلىدىغان مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى قۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. ئىچكى قۇرۇقلۇق ئوچۇق ئىقتىساد سىناق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرىدا دۆلەتنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك پورتلىرىنى كۆپەيتىشنى تەتقىق قىلىش كېرەك. تەرتىپ بويىچە چېڭدۇ خەلقئارا تۆمۈريول پورتى ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى تەسىس قىلىشنى تەتقىق قىلىش كېرەك. دۆلەت دەرىجىلىك يېڭى رايون قاتارلىق ئىقتىدار سۇپىسى قۇرۇلۇشىنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ھازىر بار بولغان ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك باغ، باغچە رايونلىرىنى بىرىكتۈرۈپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، تەرەققىيات رايونىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىش كېرەك. دۆلەت دەرىجىلىك تەرەققىيات رايونلىرىنىڭ تېخىمۇ جانلىق كادىرلار تۈزۈمىنى يولغا قويۇشىغا ئىلھام بېرىپ، سۈپەتلىك داۋالاش، مائارىپ، پۇل مۇئامىلە، ئەشيا ئوبوروتى قاتارلىق مۇلازىمەتلەرنى كىرگۈزۈش، راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. تۈرلۈك دۆلەت دەرىجىلىك يەرمەنكىلەرنى ياخشى ئۆتكۈزۈپ، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

(11) چېگرا بويىدىكى رايونلارنىڭ ئېچىۋېتىش تەرەققىياتىنى تېزلىتىش. چېگرا بويىدىكى نۇقتىلىق ئېچىش، ئېچىۋېتىش سىناق رايونى، چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى، چېگرا ھالقىغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونىنىڭ جايلىشىشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چېگرا ھالقىغان پۇل مۇئامىلە، چېگرا ھالقىغان ساياھەت، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش قانۇن ئىجرا قىلىش ھەمكارلىقى، خادىملارنىڭ چېگرادىن كىرىپ ـ چىقىشنى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭىلىق يارىتىشنى قانات يايدۇرۇشنى قوللاش كېرەك. چېگرا ساياھىتى سىناق رايونى، چېگرا ھالقىغان ساياھەت ھەمكارلىقى رايونى، يېزا ئىگىلىكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ھەمكارلىقى سىناق رايونى قاتارلىقلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. تاشقى ئىقتىساد ـ سودا تەرەققىيات مەخسۇس مەبلىغىدىن بىرتۇتاش پايدىلىنىپ چېگرا بويى رايونلىرىنىڭ تاشقى ئىقتىساد ـ سودا تەرەققىياتىنى قوللاش كېرەك. چېگرا ئاھالىلىرى ئۆزئارا بازىرى سودىسىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈپ خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

(12) يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىش تىپىدىكى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ تاۋار ۋە مۇھىم ئامىل يۆتكىلىش تىپىدىن تەدرىجىي ھالدا قائىدە ـ تۈزۈم تىپىغا ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىش ئىجازىتىدىن بۇرۇنقى دۆلەت پۇقراسىلىق مۇئامىلىگە پاسسىپ تىزىملىكنى قوشۇپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ياسىمىچىلىقنى تەرتىپلىك ئېچىۋېتىپ، مۇلازىمەت كەسپى ئىجازىتىنى تەدرىجىي كەڭ قويۇۋېتىپ، كانچىلىقنى ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ تەرتىپ بويىچە تاموژنا ئالاھىدە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش رايونى تەسىس قىلىشنى قوللاش، رايون ئىچىدىكى كارخانىلارنىڭ رايون ئىچىدە ھاۋالىلىك پىششىقلاش كەسپىنى قانات يايدۇرۇشنى قوللاش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىدە ئوچۇق ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. غەربىي رايوندىكى ئەۋزەل كەسىپ كارخانىلىرىنىڭ خەلقئارا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ھەمكارلىقىغا ئاكتىپ قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، چېگرا سىرتىدىكى مەبلەغ سېلىش، تىجارەتتە زۆرۈر مۇھىت، جەمئىيەت ۋە تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش كېرەك. بىر تۈركۈم ئەۋزەللىكى روشەن تاشقى سودىدىكى تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرگەن بازىلارنى قۇرۇشنى قوللاش كېرەك. شەرقىي، ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمنى ئېچىۋېتىش سۇپىسىنى ئۆدۇللاشتۇرۇش مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، تۈر يېتىلدۈرۈش، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش، بازار ئېچىش قاتارلىق مۇلازىمەت سۇپىلىرىنى ئورتاق قۇرۇپ، غەربىي قىسىمدىكى رايونلاردا بىرقانچە كەسىپلەرنى يۆتكەپ ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلىش كېرەك. غەربىي قىسىمدىكى رايونلارغا پەلەمپەيسىمان يۆتكەلگەن كارخانىلارغا قارىتا، ئەسلىدىكى تۇرۇشلۇق رايوندا ئېرىشكەن تاموژنا ئىناۋەت دەرىجىسى بويىچە نازارەت قىلىشنى يولغا قويۇش كېرەك.

(13) رايونلار ئارا ھەمتۈرتكە بولۇش ـ ھەمكارلىشىشنى كېڭەيتىش. بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېينىڭ ماس تەرەققىياتى، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتى، گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشى قاتارلىق مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلەرنى پائال ئۇدۇللاشتۇرۇش كېرەك. چىڭخەي، گەنسۇ قاتارلىقلارنىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئېكولوگىيەلىك توسۇقى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىشنى قوللاپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىياتنى ھەمكارلىشىپ ئالغا سىلجىتىش يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ئۇنىۋېرسال ترانسپورت يولىغا تايىنىپ، غەربىي شىمالدىكى ئۆلكىلەرنىڭ جياڭسۇ، شەندۇڭ، خېنەن قاتارلىق شەرقىي، ئوتتۇرا قىسىمدىكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ئۆزئارا نەپ يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. جۇجياڭ ـ شىجياڭ ئىقتىساد بەلبېغى ۋە بېيبۇۋەن ئىقتىسادىي رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، گۇاڭشىنى گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشى ۋە خەينەننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا پائال قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. شەرقىي، غەربىي قىسىمدىكى ئەركىن سودا سىناق رايونلىرىنىڭ ئالماشتۇرۇشى، ھەمكارلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ماس ئېچىۋېتىشنى كۈچەيتىش كېرەك. رايون ھالقىغان كەسىپلەر باغچە رايونىنى ئورتاق بەرپا قىلىشنى قوللاپ، «چاچما ئىقتىساد» قاتارلىق ئەندىزىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. غەربىي شىمال رايونلىرى بىلەن غەربىي جەنۇب رايونلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشى، ھەمتۈرتكە بولۇشىنى كۈچەيتىپ، چېڭدۇ ـ جۇڭچىڭ، ئوتتۇرا شەنشى تۈزلەڭلىكىدىكى شەھەرلەر توپىنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنى ئېچىۋېتىش، ئېچىشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان يادرولۇق موتورنى بەرپا قىلىش كېرەك. بېيبۇۋەن، لەنجۇ ـ شىنىڭ، كۆكخوت ـ باۋتۇ ـ ئوردوس ـ يۈلىن، نىڭشيادىكى خۇاڭخې بويى، ئوتتۇرا گۇيجۇ، ئوتتۇرا يۈننەن، تيەنشان تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى قاتارلىق جايلاردىكى شەھەرلەر توپىنىڭ ھەمتۈرتكىلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئېچىۋېتىشىنى، تەرەققىياتىنى قوللاش كېرەك. شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا، سىچۈەن ـ شەنشى، زۇيۇۋجياڭ قاتارلىق كونا ئىنقىلابىي رايونلار ۋە سىچۈەن ـ جۇڭچىڭ، سىچۈەن ـ يۈننەن ـ گۇيجۇ، جۇڭچىڭ ـ گۇيجۇ قاتارلىق ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەر) ھالقىغان قوشنا رايونلاردا ماس ئېچىۋېتىش، تەرەققىي قىلىش مېخانىزمى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى تاكامۇللاشتۇرۇشنى قوللاش كېرەك. نۇقتىلىق رايونلارنىڭ بىر گەۋدىلىشىش مۇساپىسىنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

### تۆتىنچى، گۈزەل غەربىي قىسىمنى قۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكى توسۇقىنى مۇستەھكەملەش

(14) نۇقتىلىق ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر يولغا قويۇش. سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئېچىش داۋامىدا قوغداش، قوغداش داۋامىدا ئېچىشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئاساسىي فۇنكسىيەلىك رايون قۇرۇلۇشى تەلىپى بويىچە، چاڭجياڭ، خۇاڭخې دەريالىرىنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىنىڭ ئېكولوگىيەلىك بىخەتەرلىككە ياخشى كاپالەتلىك قىلىپ، مۇزلۇق، سۇلۇق يەر قاتارلىق ئېكولوگىيەلىك بايلىقلارنى

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)